# جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخ-مەدەنىيەت تەتقىقاتى جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلۇش يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

سەيپىدىن ئەزىزى

يولداشلار، دوستلار:

بۈگۈن خاتىرىلەشكە ئەرزىيدىغان كۈن بولدى، چۈنكى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىۋاتقان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن يېڭى ۋەزىيەتتە، مەركەزدىكى مەسئۇل تارماقلارنىڭ قوللىشى ۋە غەمخورلۇق قىلىشى، ئۇيغۇر تارىخ-مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا قىزغىن ئىشتىياق باغلىغان يولداشلارنىڭ پائال تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخ-مەدەنىيەت تەتقىقاتى جەمئىيىتى بۈگۈن رەسمىي قۇرۇلدى. بۇ ئېلىمىزدىكى 7 مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت ھاياتىدىكى كاتتا ئىش! مەن بۇنىڭدىن خۇشال بولۇۋاتىمەن ھەم تەسىرلىنىۋاتىمەن، خۇشاللىقىم ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغانلىقىدىن بولسا، تەسىرلىنىشىم ئۇزاقتىن بېرى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن ئۈمىدىمىنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقىدىن بولۇۋاتىدۇ. مەن مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن، يىغىنغا قاتناشقان بارلىق يولداشلارنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن ۋە سىلەرگە چىن كۆڭلۈمدىن تەشەككۈر ئېيتىمەن!

دۆلىتىمىز 56 مىللەتتىن تەركىب تاپقان، 5000 يىللىق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە دۆلەت. ئۇيغۇرلار جۇڭخۇا مىللەتلىرى چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئەزالىرىدىن بىرى. ئەسىر-ئەسىرلەردىن بۇيان، ئۇيغۇر خەلقى باشقا ھەرقايسى مىللەت خەلقى بىلەن ئۆزئارا ئۆگىنىپ، ئۈزلۈكسىز ئالغا بېسىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇزاق تارىخىنى ۋە پارلاق مەدەنىيىتىنى بىللە ياراتتى. ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، ئۇيغۇرلار يەنە ئۆزىگە خاس روشەن مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە يەرلىك خۇسۇسىيىتىنى شەكىللەندۈرۈپ، بىزگە نۇرغۇنلىغان ئەسەر، مەدەنىي يادىكارلىق ۋە ئاسارەئەتىقىلەرنى قالدۇردى، ئەنە شۇلارنى باسقۇچلارغا بۆلۈپ، ئەتراپلىق ھەم سىستېمىلىق ھالدا رەتلەپ ۋە تەتقىق قىلىپ، مىللىتىمىزنىڭ ئېسىل مەدەنىيىتىنى ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتۇرۇشىمىزغا ۋە نۇرلاندۇرۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئۇزاق تارىخقا ئىگە مىللەت. خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادىنى مىلادىدىن ئۈچ ئەسىر بۇرۇنقى ۋاقىتلارغىچە سۈرۈشتۈرۈش مۇمكىن. نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان، ئۇيغۇر خەلقى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلار ۋە باشقا مىللەتلەر بىلەن يېقىن ئالاقە باغلاپ، چەت ئەلنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇش، ئىقتىساد-مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە كۆپ

مىللەتلىك بىر پۈتۈن دۆلەتنى بەرپا قىلىش جەھەتلىرىدە مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشـ
تى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇيغۇرلار ئۆز ئىشلەپچىقىرىشى ۋە تىرىكچىلىكى جەريا-
نىدا، چۆل-باياۋان ۋە بوستانلىقلارغا زىچ باغلىنىشلىق بولغان، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ
ئەقىل-پاراستىنى ۋە ئېسىل پەزىلىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان پارلاق مەدەنىيەت
ياراتتى، جۇڭخۇا ئېلىنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىدە، «قۇتادغۇبىلىك»، «تۈركىي
تىللار دىۋانى»، «ئون ئىككى مۇقام» دېگەنگە ئوخشاش ئالەمشۇمۇل نادىر ئەسەر-
لەرنى قالدۇرۇپ، ئېلىمىزنىڭ ئۇزاق مەدەنىيەت تارىخىغا ئۆچمەس سەھىپىلەرنى
قوشتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىز ئاز سانلىق
مىللەتلەرنىڭ تۇرلۇك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى، شۇنداق-
لا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە دائىر تەتقىقاتقىمۇ ئىنتايىن
ئەھمىيەت بېرىپ، ھەرقايسى ساھەلەر بويىچە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ زور بىر
تۈركۈم مۇنەۋۋەر كەسپىي خادىملىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى؛ شىنجاڭنىڭ ۋە
ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي، تارىخىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئەھۋالى ئۇستىدە
كۆپ قېتىم كەڭ كۆلەملىك ئومۇمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئىشىنى ئۇيۇشتۇ-
رۇپ، نۇرغۇنلىغان بىرىنچى قول قىممەتلىك ماتېرىياللارنى تېپىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ
تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە دائىر ماتېرىياللارنى يىغىش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش ۋە
نەشر قىلىش خىزمىتى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇيغۇرلا-
رنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە دائىر تەتقىقات يېڭىچە باسقۇچقا قەدەم قويۇپ، مول
مۇۋەپپەقىيەتكە ۋە كۆرۈنەرلىك تەرەققىياتقا ئېرىشتى. كىشىنى ھەممىدىن بەك
خۇشال قىلىدىغىنى شۇكى، زور بىر تۈركۈم ياش ئالىملار ئۇيغۇرلار تەتقىقاتىنىڭ
ئاساسىي كۈچى بولۇپ يېتىلمەكتە. بۈگۈنكى كۈندە، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ۋە
مەدەنىيىتى يالغۇز ئۇيغۇرلار ئۈچۈنلا كۈچلۈك جەلپ قىلىش قۇدرىتىگە ئىگە بولۇپ
قالماي، بەلكى پۈتۈن مەملىكەت ۋە پۈتۈن دۇنيادىمۇ ئىنتايىن قۇردەتلىك بەدىئىي
سېھرىي كۈچىنى نامايان قىلماقتا. بەزى ئالىملار كىرووران خانىدانلىقىنىڭ گۈللىنى-
شى ۋە خاراپ بولۇشى ئۇستىدىكى ئىزدىنىشكە پۈتۈن ئۆمرىنى سەرپ قىلغان
بولسا، بەزى سەنئەتكارلار ئون ئىككى مۇقامنى تەتقىق قىلىش ۋە رەتلەش ئىشىغا
يۈرەك قېنىنى سەرەپ قىلدى، ئۇيغۇرلارنىڭ ناخشا-ئۇسسۇل سەنئىتى ئاللىقاچانلا
پۈتۈن مەملىكەتكە ۋە پۈتۈن دۇنياغا يۈزلىنىپ، ئۇزاق ۋاقىتتىن بېرى يۇقىرى
شۆھرەتكە ئېرىشىپ كەلمەكتە. بۇ — ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىخارى، شۇنداقلا پۈتكۈل
جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىپتىخارى. ئىشىنىمەنكى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق
قىلىش ۋە ئۇنى نۇرلاندۇرۇش مېنىڭلا ئەمەس، مەشەدە ئولتۇرغان ھەممە يولداشلار-
نىڭ ئورتاق ئارزۇسى. بۇ مۇشۇ زاماندىكىلەر ئەجىر سىڭدۈرۈپ، كېيىنكى ئەۋلاد-

لار ھالاۋتىنى كۆرىدىغان چوڭ ئىش. ھەممەيلەننىڭ بۇ تارىخىي ۋەزىپىنى بىرلىكتە ئۈستىگە ئېلىپ، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشى يارىتىپ بەرگەن قىممەتلىك پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش، داۋاملاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئوبدان ھەم نەتىجىلىك ئىشلەپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى رازى قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە شۇنى نەزەردە تۇتۇشىمىز كېرەككى، كۆچ تارقاق، خىراجەت يېتەرسىز، يېتەكچىلىك ئاجىز بولغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئۇيغۇر تارىخ-مەدەنىيەت تەتقىقاتى ھېلىمۇ ناھايىتى ئاجىز ھالەتتە تۇرماقتا، بەزى ساھەلەردە تېخى ھېچقانداق ئىش قىلىنغىنى يوق. يەنە بىر جەھەتتىن، تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك ئەسەرلىرىمىز ۋە مەدەنىي يادىكارلىقلىرىمىز تا ھېلىغىچە چەت ئەللەردە چېچىلىپ ياتماقتا، بۇ قىممەتلىك ئەسەرلەرنى ئۆز ماكانىغا قايتۇرۇپ كېلىش بىزنىڭ تارىخىي مەسئۇلىيىتىمىز. بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتنى تېخىمۇ ئوبدان ئېلىپ بېرىش ۋە چەت ئەللەر بىلەن ئىلىم-پەن ئالاقىسىنى كەڭ يولغا قويۇش ئۈچۈن، نۇرغۇن مۇتەخەسسىلەر، ئالىملار ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ-مەدەنىيىتىگە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان يولداشلار ھەمدە چەت ئەللىك دوستلار مۇشۇنداق بىر ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىنى قۇرۇشنى كۆپ قېتىم مۇراجەت قىلىپ كەلدى. مانا بۇلار — بىزنىڭ مۇشۇ جەمئىيەتنى قۇرۇشىمىزغا تۈرتكە بولغان ئىچكى-تاشقى شەرت. بۇ جەمئىيەت ئۇيغۇرشۇناسلىقتا دائىر ھەرقايسى تەتقىقات ساھەلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان ھەر مىللەت مۇنەۋۋەر ئىختىساس ئىگىلىرىنى يىغىپ تەتقىقات ئېلىپ بارىدۇ، بۇ ئىش مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە مۇقىملىقى، شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت ۋە ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئىجابىي تۈرتكىلىك رول ئوينىغۇسى.

2

جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخ-مەدەنىيەت تەتقىقاتى جەمئىيىتى بىر ئىلمىي تەشكىلات، بۇ تەشكىلاتنىڭ خادىملىرى تارىخ، جۇغراپىيە، ئارخېئولوگىيە، مىللەت، ئىقتىساد، تىل-يېزىق، ئەدەبىيات-سەنئەت، ئىلىم-پەن، دىن، ئۆرپ-ئادەت قاتارلىق نۇرغۇن ساھەلەردىكى ئابرويلۇق تەتقىقاتچىلار ۋە كەسپىي خادىملاردىن تەركىب تاپىدۇ. بۇلار ھەرقايسى ئىلىم ساھەلىرىنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تەتقىقات ساھەسىدە تۆھپە ياراتقانلار. ئۇلار بۇنىڭدىن كېيىنمۇ جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخ-مەدەنىيەت تەتقىقاتى جەمئىيىتىنىڭ ھەرقايسى ئىلمىي گۇرۇپپىلىرىنىڭ باشلامچىسى ۋە رىياسەتچىسى بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ تەتقىقات خىزمىتىنىڭ چوڭقۇر

ۋە كەڭ كۆلەمدە قانات يېيىشىغا ئۈزلۈكسىز تۈرتكە بولۇپ بارىدۇ.

جەمئىيەتنىڭ تەتقىقات ساھەلىرى ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە چېتىلىدۇ. بىز بۇ يەردە دەۋاتقان ئۇيغۇر تارىخ تەتقىقاتى يالغۇز ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز تەرەققىياتىغا خاس تارىخىي جەريانلار ئۈستىدىكى تەتقىقاتنىلا ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇرلارغا ئالاقىدار بولغان ھەممە مەخسۇس تارىخلار ئۈستىدىكى تەتقىقاتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، مەسىلەن، دىن تارىخى، مىللىي ئۆرۈپ-ئادەت تارىخى، مەدەنىيەت تارىخى، مۇزىكا تارىخى، بىناكارلىق تارىخى، ئەدەبىيات تارىخى، مۇقام تارىخى دېگەنگە ئوخشاش. ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تەتقىقات دائىرىسى ۋە مەزمۇنى تېخىمۇ كەڭ، ئۇ تىل-يېزىق، ئەدەبىيات-سەنئەت، ھۈنەر-سەنئەت، رەسساملىق-خۇش خەتچىلىك، بىناكارلىق سەنئىتى، مۇزىكا-ئۇسسۇل، ئىلىم-پەن، دىن، يېمەك-ئىچمەك، تۇرارجاي، كىيىم-كېچەك، ئۆرپ-ئادەت دېگەنگە ئوخشاشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

يۇقىرىدا ئىزھار قىلىنغان مەزمۇنلارغا بىنائەن، تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسىدە بەلگىلەنگەندەك، جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى — ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ-مەدەنىيەت تەتقىقاتى ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغۇچى ھەرمىللەت كەسپىي خادىملىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە تەشكىللەپ، ئىلمىي پائالىيەتلەرنى پائال قانات يايدۇرۇش، ھەر تۈرلۈك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى ۋە تەتقىقات پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇيغۇر تارىخ-مەدەنىيەت تەتقىقاتىنى چوڭقۇر راۋاجلاندۇرۇش؛ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە دائىر مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ماتېرىياللارنى پىلانلىق يىغىش، رەتلەش ۋە تەتتىق قىلىش؛ مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئالىملارنىڭ ئىلىم-پەن ئالاقىسىنى كۈچەيتىپ، ئېلىمىزنىڭ ئۇيغۇر تارىخ-مەدەنىيەت تەتقىقاتى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا تەشۋىق قىلىش؛ مۇھىم مەدەنىي يادىكارلىقلارنى ۋە قىممەتلىك ھۆججەت-ئەسەرلەرنى تەتقىق قىلىش، رەتلەش ۋە ساقلاش ئىشلىرىغا ياردەم بېرىش؛ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدا ئالاقىدار ئورۇنلارغا مەسلىھەت، تەكلىپ بېرىش؛ ئەسىر ھالقىيدىغان ئىلىم-پەن يېتەكچىلىرىنى ۋە تەتقىقات خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈش. دېمەك، تەتقىقات جەمئىيىتىمىزنىڭ ۋەزىپىسى ناھايىتى ئېغىر، ناھايىتى مۇشكۈل. ئۇ بىزنىڭ جاپالىق ئەمگەك سىڭدۈرۈشىمىزنى ھەتتا بىر نەچچە ئەۋلاد كىشىلىرىنىڭ جاپالىق ئەمگەك سىڭدۈرۈشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخ-مەدەنىيەت تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى: ئۇيغۇر تارىخ-مەدەنىيەت تەتقىقاتىنى تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، ماركسىزم-لېنىنىزمنى، ماۋزېدۇڭ

ىدىيىسىنى ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىش ئاسا-
سىدا ئېلىپ بېرىش، ئېلىمىزنىڭ ئۇيغۇر تارىخ-مەدەنىيەت تەتقىقاتى خىزمىتىنى
يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش، ئېسىل مىللىي مەدەنىيەتنى نۇرلاندۇرۇش، مىللىي
رايونلارنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت ۋە ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى
ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش.

3

يولداشلار، بىزنىڭ ئىشىمىز پۈتكۈل مىللەتنىڭ ئىشى، ئىجادىي ئىش، بۇ
ئىشنىڭ خاراكتېرى بىزنىڭ مەزھەپچىلىك ۋە گۇرۇھۋازلىق تۇسىنى ئالغان تالاش-
تارتىشلاردىن ۋاز كېچىپ، بىر نىيەتتە تەڭ كۈچ چىقىرىپ، سەمىمىي ھەمكارلى-
شىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلىشىمىزنى، ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا چامدايدىغان روھقا
ئىگە بولۇشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ، تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئىجتىھات بىلەن ئىزدى-
نىپ، تەلەپچانلىق ۋە ئىنچىكىلىك بىلەن ئىشلەيدىغان، قىلچە بىپەرۋالىق قىلماي-
دىغان ئىلمىي روھقا ئىگە بولۇشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ؛ ئومۇمىيلىقنى نەزەردە
تۇتۇپ، نام-شۆھرەت ۋە مەنپەئەت قوغلاشمايدىغان خالىس-پىداكار روھقا ئىگە بولۇ-
شىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ؛ ئۆزىمىزنى پاك تۇتۇپ، تىرىشچانلىق-ئىقتىسادچىلىق
بىلەن ئىش كۆرۈپ، تەتقىقات جەمئىيىتىنى ئۆز ئائىلىمىز دەپ بىلىپ، جاپاغا
چىداپ ئىگىلىك يارىتىدىغان روھقا ئىگە بولۇشىمىزنى، شۇ ئارقىلىق، تەتقىقات
جەمئىيىتىمىزنى جامائەتچىلىك ئىچىدە ئوبدان ئابرويغا ئىگە قىلىشىمىزنى تەلەپ
قىلىدۇ. تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، جەمئىيىتىمىزنىڭ دائىمىي
مۇئاۋىن مۇدىرى يولداش تيەن شىباۋ، دائىمىي مۇئاۋىن باش كاتىپى يولداش توختى
جەمئىيىتىمىزنى قۇرۇش ئۈچۈن تەييارلىق ئېلىپ بېرىلغان ئىككى يىلدىن ئارتۇق
ۋاقىت ئىچىدە نۇرغۇنلىغان چوڭقۇر، ئىنچىكە خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ئۇلار خىرا-
جەت يوق ئەھۋال ئاستىدا ئۆزلىرى پۇل ۋە كۈچ چىقىرىپ، تۈرلۈك ئامال-چارىلەر
بىلەن شارائىت يارىتىپ، تەتقىقات جەمئىيىتىنى قۇرۇش يولىدا بوشاشماستىن
تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. بۇنىڭدىن باشقا بەزى يولداشلارمۇ تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ
قۇرۇلۇشى يولىدا ئەقىل-تەدبىر كۆرسىتىپ، باش چۆكۈرۈپ ھەقسىز ئىشلىدى.
تەتقىقات جەمئىيىتىمىزدە مۇشۇنداق روھنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىشىمىز
ۋە ئۆگىنىشىمىز كېرەك. بۇ يەردە مەن شۇ يولداشلارغا رەھمەت ئېيتىمەن!
كۆپچىلىكنىڭمۇ ئاشۇ يولداشلاردەك ئىشلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. مەن يەنە مەركەز-
دىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ، شىنجاڭدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ
شۇنىڭدەك ئۇيغۇرلارنىڭ، تارىخ-مەدەنىيەت ئىشلىرىغا قىزىقىدىغان، كۆڭۈل بۆلۈ-

ۋاتقان مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى دوستلارنىڭ تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ خىزمەتىگە ۋە تەتقىقات ئىشلىرىغا داۋاملىق مەدەت بىرىشىنى، غەمخورلۇق ۋە يېتەكچىلىك قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. مۇشۇنداق قىلىدىغانلا بولساق، ئىشلىرىمىز جەزمەن جۇش ئۇرۇپ ساغلام راۋاجلىنالايدۇ.

رەھمەت سىلەرگە.

# جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخ-مەدەنىيەت تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىمىدا سۆزلەنگەن سۆز

سەيدۇللا سەيپۇللايوپ

1995-يىل 3-ئاينىڭ 12-كۈنى

خانىملار، ئەپەندىلەر، رەھبەرلەر، مېھمانلار:
ئالدى بىلەن مەن جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشقا ئۆزىنى بېغىشلىغان بارلىق كەسىپداشلارغا ۋەكالىتەن، بۈگۈنكى مۇراسىمغا قەدەم تەشرىپ قىلغان

قاتارلىق رەھبەرلەرگە ۋە مېھمانلارغا چىن قەلبىمدىن تەشەككۈر ئېيتىمەن ھەمدە بۇ يىغىنغا مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن.
جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخ-مەدەنىيەت تەتقىقات جەمئىيىتى-جۇڭگو ئىجتىمائىي پەن-لەر ئاكادېمىيىسى ۋە ئالاقىدار مەسئۇل تارماقلارنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى مەملىكەت خاراكتېرلىك ئىلمىي تەشكىلات.
ئۇيغۇر مىللىتى-سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزدىكى ئۇزاق تارىخ ۋە شانلىق مەدە-نىيەتكە ئىگە مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تارىخ ۋە مەدەنىيىتى-گە ئۇلۇغ تۆھپىلەرنى قوشقان. 19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، ئۇيغۇر مىللىتى مەملىكىتىمىزدىكى باشقا قېرىنداش مىللەتلەرگە ئوخشاشلا جاھانگىرلار-نىڭ مۇدھىش تالان-تاراج قىلىشىغا ۋە خورلىشىغا ئۇچراپ، مىللىي زۇلۇم ۋە سىنىپىي ئېكسپىلاتاتسىيىنىڭ دەردىنى يەتكۈدەك تارتقان، شۇنداقلا مەملىكىتى-مىزدىكى باشقا قېرىنداش مىللەتلەر بىلەن بىرگە جاھانگىرلىككە قارشى باتۇرانە كۈرەش قىلغان ھەمدە زور قۇربانلارنى بەرگەن. 1949-يىلغا كەلگەندە، جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋە يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئۇيغۇر خەلقى مەملىكىتى-مىزدىكى باشقا قېرىنداش مىللەتلەر بىلەن بىرگە ئازادلىققا ئېرىشىپ، ئۆز تارىخىدا يېڭى بىر باسقۇچنى باشلىۋەتتى.
مۇشۇ ئۇزاق ۋە ئۇلۇغ تارىخىي جەرياننىڭ ئومۇمىي قىياپىتىنى نامايان قى-لىپ، ئەشۇ ئەگرى-توقاي تارىخىي جەرياننىڭ ئىزلىرىنى توغرا شەرھلەپ بېرىش - مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئۇرغۇ-تۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش ۋە خەلقىنىڭ خوجايىنلىق تۇيغۇسىنى

يېتىلدۈرۈشتە زور رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، بىز ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش جەھەتتە ناھايىتى زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق. ئۇيغۇر تارىخىنى تەتقىق قىلىشقا ئائىت «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «ئۇيغۇر تارىخى» قاتارلىق كۆپ ھەجىملىك ئەسەرلەر تارىخىمىزدا تۇنجى قېتىم نەشر قىلىپ تارقىتىلدى؛ ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىي مىراسلىرىدىن «قۇتادغۇبىلىك»، «تۈركىي تىللار دىۋانى» شۇنداقلا ئۇنىڭدىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر تۈركۈم كلاسسىك ئەسەرلىرى قايتا نەشر قىلىندى؛ ھەرخىل مەزمۇنلاردا ۋە ئوخشىمىغان كۆلەمدە بەزى ئىلمىي مۇھاكىمە پائالىيەتلىرى ئويۇشتۇرۇلدى. مانا بۇلار جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغىدى. ئەمما شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، تەرەققىيات نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ھازىر قولغا كەلتۈرگەن بۇ نەتىجىلەرنى مەيلى ئۇنىڭ چوڭقۇرلۇقى ياكى كەڭلىكى جەھەتتىن ئېيتايلۇق، ئۇنى پەقەت دەسلەپكى باشلىنىش دېيىشكىلا بولىدۇ. شۇڭا دەۋر بىزدىن ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتىنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، تەتقىقات سەۋىيىسىنى يەنىمۇ كۆتۈرۈشنى، تەتقىقات مەزمۇنىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ.

ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى توغرىسىدىكى تەتقىقات خىزمىتى ئىجتىمائىي پەنلەر كاتېگورىيىسىگە كىرىدىغان سىستېمىلىق قۇرۇلۇش بولغاچقا، بۇ خىزمەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ يۈكسەك ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىدا بولۇشى، توغرا تەتقىقات كۆز قارىشىنى تۇرغۇزۇشى ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئۇسۇلىنى ئىگەللىشى لازىملىقى، ھەرقانداق تارىخىي ۋەقە، تارىخىي جەريان ۋە مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى توغرا تەھلىل قىلىپ، ماتېرىياللارنى ئومۇميۈزلۈك ئىگىلەپ، پاكىتنى ئەستايىدىل پەرق ئېتىپ، ھۆكۈمنى توغرا چىقىرىشى لازىملىقى ھەممىمىزگە ئايان.

جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخ-مەدەنىيەت تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە پىلانلىق، تەشكىللىك قانات يايدۇرۇشنى تەشكىلىي كاپالەت بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. جەمئىيىتىمىز تارىخىي ماتېرىيالىزم ۋە دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمنى قورال قىلىپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت ئالىملىرى، مۇتەخەسسىسلىرىنى تەشكىللەپ ۋە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى ئۈستىدە ئومۇميۈزلۈك، چوڭقۇر ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، فوندامېنت خاراكتېرلىك، سىستېمىلىق تەتقىقات نەتىجىلىرىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەمدە ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت

ماتېرىياللارنى توپلاش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش ۋە نەشرى قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر يۈرۈش سىستېما قۇرۇلۇشنى تەدرىجىي شەكىللەندۈرۈشكە تىرىشىدۇ.

خانىملار، ئەپەندىلەر، رەھبەرلەر، مېھمانلار:

جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخ-مەدەنىيەت تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت ھاياتىدىكى چوڭ خۇشاللىق ئىش، شۇنداقلا مەملىكىتىمىز-نىڭ ئىلمىي مۇھاكىمە ساھەسىدىكىلەر ئۈچۈنمۇ خوشاللىنارلىق ئىش. يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى داۋاملىق يولغا قويۇۋاتقان ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتى ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن ياخشى سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىپ بەرمەكتە. مەن ئىشىنىمەن-كى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ۋە ئالاقىدار مەسئۇل تارماقلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە ، پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەرمىللەت ئالىملىرى، مۇتە-خەسسىلىرىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا، جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخ – مەدەنىيەت تەتقىقات جەمئىيىتىمىز جەزمەن ساغلام تەرەققىي قىلىپ، گۈللىنىپ، ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش جەھەتتە مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئېلىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا تېگىشلىك تۆھپە قوشقۇ-سى.

كۆپچىلىككە رەھمەت.

# جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخ-مەدەنىيەت تەتقىقات جەمئىيىتىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

ئۇيغۇرلار — ئۇزاق تارىخ ۋە شانلىق مەدەنىيەتكە ئىگە مىللەت. ھازىرقى نوپۇسى 8 مىليوندىن ئاشىدۇ، ئۇلار ئاساسەن ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا ئولتۇراقلاشقان، ئاز بىر قىسمى خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ تاۋيۈەن ناھىيىسىگە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا تارقاق ئولتۇراقلاشقان. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، ئۇلار خېلى بۇرۇنلا ئۆز تىل-يېزىقىنى ئىجاد قىلغان.

ئۇيغۇرلار قەدىمىي شەرق-غەرب مەدەنىيىتى ئالمىشىپ تۇرىدىغان يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنىگە جايلاشقان. ئۇيغۇرلاردىن تارىختا نۇرغۇنلىغان سىياسىئون، مۇتەپەككۇر، ئەدىب، سەنئەتكار، مۇزىكانت ۋە ئۇسسۇلچى قاتارلىق تالانت ئىگىلىرى مەيدانغا كېلىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ ئېسىل مەدەنىيىتىنى بېيىتىش، ھەرقايسى ئەللەر بىلەن بولغان مەدەنىيەت ئالاقىسىگە تۈرتكە بولۇش ۋە ۋەتەنىنىڭ بىرلىكىنى قوغداشتا مۇھىم تۆھپە قوشقان.

ئۇيغۇرلار قەدىمىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە. مىلادى 11-ئەسىردە بارلىققا كەلگەن «قۇتادغۇبىلىك» (ئاپتورى: يۈسۈپ خاس ھاجىپ) بىلەن «تۈركىي تىللار دىۋانى» (ئاپتورى: مەخمۇد قەشقىرى) ئۇيغۇرلارنىڭ تىل، مەدەنىيەت، تارىخ، ئەدەبىيات ۋە دىنى مۇجەسسەملەشكەن ئىككى كاتتا ئەسەردۇر، تارىختىن بۇيان ئۇ خەلقئارادىكى ئىلىم ئەھلىلىرىنى ئۆزىگە جەلب قىلىپ كەلدى. بولۇپمۇ ناخشا-ئۇسسۇل، مۇزىكا ۋە نەزمە بىر گەۋدە قىلىنغان ئۇيغۇر مۇقاملىرى ئۇيغۇر مەدەنىيەت-سەنئەت خەزىنىسىنىڭ جەۋھىرىدۇر.

ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش ۋەتىنىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى جارى قىلدۇرۇشتا، ئازسانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. تەتقىقات خىزمىتىنى كۈچ توپلاپ پىلانلىق ۋە مۇئەييەن رەھبەرلىك ئاستىدا سىستېمىلىق قانات يايدۇرۇپ، سەرخىل تەتقىقات نەتىجىلىرىنى يارىتىش ئۈچۈن، ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈپ كېلىۋاتقان ھەر ساھە ئەربابلىرى ۋە ئۇيغۇر تارىخ-مەدەنىيەت تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى مۇتەخەسسىس ۋە ئالىملار ئۇزاقتىن بېرى مۇشۇنداق بىر ئىلمىي تەشكىلاتنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەنىدى. بۇ ئارزۇ مانا بۈگۈن رېئاللىققا ئايلاندى!

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى خەلق ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ تەستىقلىشى
بىلەن رەسمىي رويخەتكە ئېلىنىپ قۇرۇلغان جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخ-مەدەنىيەت تەتقى-
قات جەمئىيىتى دەل تارىخ تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا يارىشا بارلىققا كەلگەن
مەملىكەت خاراكتېرلىك بىر ئىلمىي تەشكىلاتتۇر. تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئاسا-
سىي مەقسىتى: ئۇيغۇر تارىخ-مەدەنىيەت تەتقىقاتىنى تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ
تۇرۇش، پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتى-
پاقلىقىنى كۈچەيتىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، ماركسىزم-لېنىنىزم ۋە
يولداش دېڭ شىياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى يېتەكچى
قىلىش ئاساسىدا ئېلىپ بېرىش، ئېلىمىزدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ-مەدەنىيەت تەت-
قىقات ئىشلىرىغا يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ھەيدەكچىلىك قىلىش، ئېسىل مىللىي مەدەنى-
يەتنى جارى قىلدۇرۇش، ئازسانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنى-
ۋى مەدەنىيەت ۋە ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇش يولىدا ھەسسە
قوشۇش.

تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتى: تەتقىقات جەمئىيىتى جۇڭگو
ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە يانداشتۇرۇپ قۇرۇلغان بىر تەشكىلات. ئۇ
دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى بىلەن جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيە-
سىنىڭ يېتەكچىلىكىنى قوبۇل قىلىدۇ، تەتقىقات جەمئىيىتى پەخرىي جەمئىيەت
باشلىقى، جەمئىيەت باشلىقى، مۇئاۋىن جەمئىيەت باشلىقلىرى، باش كاتىپ،
مۇئاۋىن باش كاتىپلار ۋە ھەر ساھەدىكى نەتىجىلىك تەتقىقاتچىلاردىن دائىمىي
ئىجرائىي كېڭەش ۋە كېڭەش تەشكىل قىلىش ئاساسىدا بارلىققا كەلدى. تۇنجى
قارارلىق دائىمىي ئىجرائىي كېڭەش ۋە كېڭەش كەڭ دائىرىدە پىكىر ئېلىش ۋە
مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق مەيدانغا كەلدى. كېيىنكى ھەرقايسى قارارلىق دائىمىي
ئىجرائىي كېڭەش ۋە كېڭەشلەر سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. تەتقىقات جەمئى-
يىتى قارمىقىدا ئىشخانا، ئىلمىي بۆلۈم، مالىيە بۆلۈم، ئالاقە بۆلۈمى، ئىجتىما-
ئىي پائالىيەت بۆلۈمى ۋە مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈش بۆلۈمى قاتارلىق
ئىش بېجىرىش ئاپپاراتلىرى تەسىس قىلىندى.

تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى: ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ ۋە مەدەنى-
يەت تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ھەر مىللەت كەسپىي خادىملىرىنى
ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە تەشكىللەپ، ئىلمىي پائالىيەتلەرنى پائال قانات يايدۇرۇش،
تۈرلۈك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى ۋە تەتقىقات پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش
ئارقىلىق، ئۇيغۇر تارىخ-مەدەنىيەت تەتقىقاتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش؛ ئۇيغۇر-
لارنىڭ تارىخ-مەدەنىيىتىگە دائىر مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ماتېرىياللارنى
پىلانلىق تۈردە يىغىش، رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىش، ئىچكى-تاشقى ئالىملار ئوتتۇر-

سىدىكى ئىلمىي ئالاقىنى كۈچەيتىش، ئېلىمىز ئۇيغۇرلىرىنىڭ تارىخ-مەدەنىيەت تەتقىقات نەتىجىلىرىنى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا تەشۋىق قىلىش؛ مۇھىم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە قىممەتلىك ھۆججەت-ئەسەرلەرنى تەتقىق قىلىش، رەتلەش ۋە ساقلاش ئىشلىرىغا ياردەم بېرىش؛ ئالاقىدار تارماقلارغا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا دائىر مەسلىھەت ۋە تەكلىپلەرنى بېرىپ تۇرۇش؛ ئەسىر ھالقىيدىغان ئىلىم يېتەكچىلىرى ۋە تەتقىقات ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش.

تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مەبلەغ مەنبەسى: تەتقىقات جەمئىتى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ-مەدەنىيەت تەتقىقاتىغا ئىشتىياق باغلىغان مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ھەرساھەدىكى دوستانە ئەربابلارنىڭ ۋە كارخانا ساھەسىدىكىلەرنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشىگە موھتاج. جەمئىيەتنىڭ نىزامنامىسىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىلمىي مۇھاكىمە پائالىيەتلىرىگە ئىشلىتىش مەقسەت قىلىنغان پۇل ئىئانە قىلىشنى سەمىمىي قارشى ئالىدۇ ۋە قوبۇل قىلىدۇ، تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ، شارائىت يارىتىپ، مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈش بويىچە ئىقتىسادىي گەۋدە بەرپا قىلىپ، پۇل تېپىپ مەبلەغ جۇغلاپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ-مەدەنىيەت تەتقىقات ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا يار-يۆلەك بولىدۇ.

مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا كاتتا ئابروي قازانغان دۆلەت رەھبىرى ۋە داڭلىق ئالىم سەيپىدىن ئەزىزى، خۇ شېڭ، فېي شياۋتۇڭلار جەمئىيىتىمىزنىڭ پەخرىي باشلىقى بولدى، شىنجاڭدا ئۇزاق يىل تەشكىلىي رەھبەرلىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان سابىق شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى سەيپۇللايوپ جەمئىيىتىمىزنىڭ باشلىقى بولدى، نەچچە ئون داڭلىق جەمئىيەت ئەربابلىرى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ-مەدەنىيەت تەتقىقاتى ساھەسىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقان مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا مەشھۇر مۇتەخەسسىس ۋە ئالىملار دائىمىي ئىجرائىي كېڭەش ۋە كېڭەش ئەزالىقىنى ئۈستىگە ئالدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ-مەدەنىيەت تەتقىقات ئىشلىرىغا ئىشتىياق باغلىغان مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئەربابلارنىڭ خىزمىتىمىزگە پائال ئىشتىراك قىلىشى ۋە مەدەت بېرىشىنى قىزغىن ئۈمىد قىلىمىز.